# گۈزەل ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈش    دەۋر مۇساپىسىدە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭنىڭ «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى تەرەققىيات يۆنىلىشى ۋە لوگىكىسى مۇشۇ ئىككى قېتىملىق يىغىندا بەرپا قىلىنغان چوڭ رامكىغا مۇجەسسەملەنگەن. بۇ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات يولىنىڭ توغرا، يۆنىلىشىنىڭ ئېنىق بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسى.

بىر قاتار چوڭقۇر ئۆگىنىش پائالىيەتلىرى داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى كۆپ قېتىم ئوخشىمىغان شەكىلدىكى ئۆگىنىش يىغىنلىرىنى ئېچىپ، نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ مەخسۇس تېمىدىكى ئۆگىنىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، لېكسىيە دوكلاتى بېرىش، مەركەزلەشتۈرۈپ نۆۋەت بىلەن تەربىيەلەشكە تەشكىللەپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەينەن، چوڭقۇر، ئىنچىكە ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈش بولۇپمۇ «تەكلىپ»نى تەييارلاش خىزمىتىدە باشلىنىشىدىلا ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈردى، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈردى.

ئاۋامنىڭ ئەقىل - پاراستى مۇجەسسەملەنگەن، پىكرى ئېلىنغان بىر قاتار خىزمەتلەر كۈنتەرتىپكە قويۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىر قاتار مۇھىم، زور تەتقىقاتلارنى قانات يايدۇرۇپ، تەكلىپ ئارگانلىرىغا قارىتا كۆپ قېتىم يېتەكچى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان كادىرلار سۆھبەت يىغىنى، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار ۋە مۇتەخەسسىس - ئالىملار، كارخانىچىلار ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنى قاتارلىقلارنى ئېچىپ، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق پىكىر - تەكلىپلەرنى ئاڭلاپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەقىل - پاراستىنى تولۇق قوبۇل قىلدى.

قايتا - قايتا پىششىقلاش، ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق يۆنىلىش كۆزلەنگەن، كەلگۈسى پىلانلانغان «تەكلىپ» ئومۇمىي يىغىندا ھەربىر ۋەكىلنىڭ ئۈستىلىگە قويۇلدى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭىچە ئەندىزىسى ئېنىق ۋە قولغا ئالغۇدەك بولدى.

### بىر قېتىملىق ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش يىغىنى:
### **نىشان بېكىتىش   ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈش**

«13 - بەش يىل» پات يېقىندا تاماملىنىدۇ، «14 - بەش يىل» قەدەملىرى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئېچىشتىن ئىبارەت مۇھىم بۇرچنى زىممىگە ئالغان ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 11 - ئومۇمىي يىغىنى تېخىمۇ ۋەزنىگە ئىگە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى تېخىمۇ مۇجەسسەملەندى.

يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر پىكىر يۈرگۈزدى، تولۇپ تاشقان ئىشەنچكە تولدى، شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات يېڭى مەنزىرىسى تەدرىجىي نامايان بولدى.

ئومۇمىي يىغىن تەنتەنىلىك كەيپىياتقا تولدى، گۇرۇپپا يىغىنىدا مۇزاكىرە قىزغىن بولدى. نەتىجىلەر ئەسلەپ ئۆتۈلۈپ، ۋەزىيەت تەھلىل قىلىنىپ، سەممىي پىكىر ئالماشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىي پىلان تۈزۈلدى... ئىككى كۈن ئىچىدە، يىغىن مەيدانىنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى ھەربىر تەسىرلىك كۆرۈنۈش ئومۇمىي يىغىننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈردى.

مۇۋەپپەقىيەت، پۇرسەت، ئىشەنچ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش... ۋەكىللەر ئەڭ كۆپ تىلغا ئالغان سۆزلەر شىنجاڭنىڭ «13 - بەش يىل»دا ئېرىشكەن نەتىجىلىرىنىڭ مول ھوسۇللۇقى، «14 - بەش يىل»نىڭ ۋەزنىنىڭ ئېغىرلىقىنى قايتا - قايتا نامايان قىلدى.

«بۇ بىر قېتىملىق ئىشەنچنى چىڭىتىدىغان، يۆنىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرىدىغان، كۈچنى مۇجەسسەملەيدىغان، غەيرەتنى ئۇرغۇتىدىغان يىغىن.» سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ گوخې مۇنداق دېدى: ئومۇمىي يىغىندا شىنجاڭنىڭ «14 - بەش يىل» مەزگىلى ۋە 2035 - يىلغىچە بولغان تەرەققىيات نىشانىغا ئېنىق نەزەر سېلىندى، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولغان ئىشەنچىسى تېخىمۇ چىڭىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى - يېزا نازارىتىنىڭ نازىرى تۇرسۇنجان ئەلىنىڭ خىزمىتى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» ئىشى ئىدى، بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىندا ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ كۆڭۈل بۆلگىنىمۇ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» ئىشى بولدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئۆتكەن بەش يىلدا، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزىلىرىدا روشەن ئۆزگىرىشلەر يۈزبەردى، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمى كۆرۈنەرلىك ئاشتى، بۇ نەتىجىلەر نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، نامرات رايونلارنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئاساسىدا تەستە قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇنداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن تەس، بۇ كەلگۈسى بەش يىل ھەتتا ئۇنىڭدىن ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىيات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاساس سالدى.

«بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرمەكتە، دۆلەت تەرەققىياتىنىڭ تاشقى مۇھىتى كۈنسېرى مۇرەككەپلەشتى، شىنجاڭمۇ مۇشۇنداق ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى» «تەرەققىياتتا جەزمەن يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك، تەرەققىيات داۋامىدىكى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر تەرەققىيات سۈپىتىدە مەركەزلىك گەۋدىلىنىدۇ» «ئومۇمىيۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىش ئاساسىدا ئورتاق بېيىشقا پۇختا تۈرتكە بولۇشتا، شىنجاڭ يەنە نۇرغۇن تەرەققىيات تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىلىرىنى تېزدىن ھەل قىلىشى كېرەك»... يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر مەسىلىگە بىۋاسىتە يۈزلىنىپ، سەممىيلىك بىلەن پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەم ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ كونكرېت تەكلىپ ۋە ھەل قىلىش چارىسى ئۈستىدە توختالدى.

ھەر قېتىملىق پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە مۇنازىرىلىشىش جەريانىدا، ئومۇمىي يىغىندا تەسۋىرلەنگەن گۈزەل ئۇلۇغۋار پىلان كونسېپسىيىسى روشەنلىشىپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات نىشان - ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

### بىر قېتىملىق كەلگۈسىنى يارىتىش يىغىنى:
### **داۋاملاشما كۈرەش قىلىش**
### **داغدام قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش**

يېڭى ئۇلۇغۋار پىلان گۈزەل كەلگۈسىنى سىزىپ چىقتى، يېڭى مۇساپە ئەمەلىي ئىشلەپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشقا چاقىردى.

ئومۇمىي يىغىندا بېكىتىلگەن تۈرلۈك نىشان - ۋەزىپىلەر ۋە مۇھىم، زور تەدبىرلەرنى پۇختا كۈرەش قىلىش ئارقىلىق رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

«تەكلىپ»تىكى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرمىلار كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتتى، بۇ، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىدا نۇقتىلىق كۈچەشكە تېگىشلىك جاي.

نېفت، نېفت - خىمىيە، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك، ئېلېكترونلۇق مەھسۇلات، ئۈزۈم ھارىقى، ساياھەت قاتارلىق «ئون چوڭ كەسىپ»نى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇش؛

ئۈرۈمچى مەركىزىي شەھەر چەمبىرىكىنى يېتىلدۈرۈش، شىمالىي شىنجاڭ شەھەر بەلبېغى قۇرۇش، جەنۇبىي شىنجاڭدا شەھەر توپى بەرپا قىلىش؛

قاتناش - ترانسپورت، زامانىۋى سۇچىلىق، ئېلېكتر ئېنېرگىيە، ئۇچۇرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت «تۆت چوڭ تىرەك سىستېما»نى بەرپا قىلىش؛

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كۆلىمىنى كېڭەيتىش، كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىتىش، مائارىپنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى، ئىجتىمائىي كاپالەت دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئەمىن ئۆي كاپالىتى، كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈپ خەلقنى بېيىتىش، ئاممىۋى بىخەتەرلىك كاپالىتى، مۇقىملىق ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قاتارلىق «ئون تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇش؛

...

تۈرلۈك پىلانلار ئەڭ ئاخىرىدا كونكرېت ۋەزىپىلەرگە بۆلۈنۈپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا ئەمەلىيلىشىپ يولغا قويۇلىدۇ.

خوتەن ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ياڭ فاسېن مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونلۇق 9 - قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، خوتەننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى قويۇپ بېرىلدى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى يېتەرلىك بولدى، ئىستىقبالى پارلاق بولدى. بۇ شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، بىز ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى چوڭقۇر ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، راستچىل - ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ئۆز رايونىمىز، ئۆز تارماقىمىزنىڭ ئىشىنى پۇختا ياخشى قىلساقلا، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا كۆزلىمە نىشانغا چوقۇم يېتەلەيمىز، ھەر مىللەت خەلق چوقۇم تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە بولالايدۇ.

ئالتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى خادەن كابىن مۇنداق دېدى: ئالتاي يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىدە ئورۇننى توغرا تېپىپ، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ياخشى قوغداش ئالدىنقى شەرتىدە، قار - مۇز ساياھىتى خاس كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، زورايتىپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى گاۋ جياڭخۇەي مۇنداق دېدى: مەۋقەنى شىنجاڭنىڭ ئەۋزەللىكىگە قويۇپ، كەسىپ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش، تەرەققىيات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىسلاھاتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، دۆلەت ئىگىلىكى تەرەققىياتىدىكى چوڭ ئىشلارنى زور كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەش كېرەك.

شىنجاڭ ئېنېرگىيە (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ۋاڭ شاۋخۇي مۇنداق دېدى: شىركىتىمىز دىققەتنى ئاساسىي كەسىپكە مەركەزلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شىنجاڭنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرۇپ، سانائەت ئاساسىنى پۇختىلاپ، تېپىنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرى، قىممەت زەنجىرى بىر گەۋدىلەشكەن يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات زەنجىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

...

كونكرېت ئىجرا قىلىش ئۈستىدە توختالغاندا، يىغىنغا قاتناشقان ھەربىر ۋەكىل تولۇق غەيرەتكە كەلدى. «تەكلىپ»كە پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئەقىل - پاراستى مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئورتاق ئىنتىلىپ كۈرەش قىلىشى جەريانىدا جەزمەن رېئاللىققا ئايلىنىدۇ.

«ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرغىنىمىزدا، شۇنىڭغا ئىشىنىشكە يېتەرلىك ئاساسىمىز باركى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئومۇمىي يىغىندا بېكىتىلگەن تۈرلۈك نىشان بويىچە قەيسەرلىك بىلەن ئىلىشىپ، جاپالىق كۈرەش قىلسىلا، چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل ئەتىنى يارىتالايدۇ!

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاساسىي پرىنسىپى ۋە ئاساسىي نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەم 2035 - يىلغىچە بولغان تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانى ئىلمىي پىلانلاندى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، يېڭى نىشاننى كۆزلەپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشنىڭ يېڭى مۇساپىسىنى جاسارەت بىلەن باشلاش كېرەك.

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ پۈتۈن ۋەزىيىتى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇلۇپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى دۆلىتىمىز تەرەققىياتى سىستېمىلىق پىلانلىنىپ ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلەندى. 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە تۈرتكە بولىدىغان نۇقتىلىق خىزمەتلەر ئىستراتېگىيە ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. يېڭى مۇساپىدە، بىز ئاڭلىق ھالدا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى ئارقىلىق ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قەدەمنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باشتىن - ئاخىر چوڭ ۋەزىيەت ئىچىدە پىلانلىنىپ ئالغا سىلجىتىلىشىغا، توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

يېڭى مۇساپىنى باشلاشتا، بىزنىڭ غەيرىتىمىز يېتەرلىك. «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى چۆرىدەپ، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «تۆت ئومۇمىيۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، جەمئىيەت مۇقىم، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت نامايان بولدى. بۈگۈنكى شىنجاڭدا، «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى نىشان - ۋەزىپىلەر پات يېقىندا تاماملىنىدۇ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ غەلىبىسى كۆز ئالدىمىزدا تۇرماقتا، يېڭى مۇساپىنى باشلاش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى.

پەيت يېتىپ كەلدى، ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ؛ كۈچ شەكىللەندى، ئۇنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ. «14 - بەش يىل» مەزگىلى دۆلىتىمىز ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىققان، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن كېيىن، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلايدىغان، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا قاراپ يۈرۈش قىلىدىغان تۇنجى بەش يىل، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەيدىغان، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان، ئەبەدىي ئەمىنلىككە ئاتلىنىدىغان ئاچقۇچلۇق بەش يىل. ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، پۇرسەت ۋە خىرىس تەڭ مەۋجۇت، قىيىنچىلىق ۋە ئۈمىد تەڭ مەۋجۇت، لېكىن پۇرسەت خىرىستىن چوڭ، ئۈمىد قىيىنچىلىقتىن كۆپ. ئۇزاقتىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش مۇساپىسىدە، شىنجاڭنى دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالدىكى ئىستراتېگىيەلىك توسۇق، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىدىكى يادرولۇق رايون، غەربىي قىسمىنى كەڭ ئېچىشتىكى نۇقتىلىق رايون قىلىپ، بىر قاتار ئالاھىدە قوللاش سىياسەتلىرىنى بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قوشتى؛ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتە يېڭى دەۋردە پۈتۈن مەملىكەت بىر تاختا شاھمات بولۇش خىزمەت ئەندىزىسى شەكىللەندى. شىنجاڭنىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يېرى كەڭ، كان بايلىقى مول، ساياھەت بايلىقى مول توپلانغان بولۇپ، بايلىقنى ئايلاندۇرۇش يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور؛ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىملىقى ساقلىنىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىلدى؛ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن قۇرۇلۇش قىلىش، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە تەرەققىياتنى كۆزلەش ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچەيدى... پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئىشەنچنى چىڭىتىپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى دۇچ كەلگەن يېڭى پۇرسەت، يېڭى ۋەزىيەتنى چوڭقۇر تونۇپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى تۇرغۇزۇپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، پائال نەتىجە يارىتىپ، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

«ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈلۈپ بولدى، شەرەپلىك بۇرچ كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ.» بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاشتا يېڭى تارىخىي شان - شەرەپ قۇچايلى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

پويىزغا ئولتۇرۇپ ئىچكىرى رايونلارغا بېرىپ كۆرۈپ باققۇم، ئايلانغۇم بار».

جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ مەسئۇلى مۇنۇلارنى دېدى: گولمۇد - كورلا تۆمۈريولىدا قاتناش باشلىنىپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاھالە بۇ يەردىن بىۋاسىتە ئىچكىرى رايونلارغا بارالايدۇ، يەنە تۇرپاننى ئايلىنىپ مېڭىش زۆرۈرىيىتى يوق. خوتەن - چاقىلىق تۆمۈريولى قۇرۇلۇشىنىڭ تېزلىتىلىشىگە ئەگىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىدا ئايلانما لىنىيە شەكىللىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاممىنىڭ شىنجاڭدىن چىقىشى تېخىمۇ قولايلىشىدۇ. چېڭدۇ - گولمۇد تۆمۈريولى پۈتسە، غەربىي جەنۇب رايونىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان تۆمۈريول «ئالتۇن يولى» شەكىللىنىدۇ.

گولمۇد - كورلا تۆمۈريولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1206 كىلومېتىر بولۇپ، شەرقتە چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ گولمۇد شەھىرىدىن باشلىنىپ، چاقىلىق ناھىيەسى، لوپنۇر ناھىيەسىدىن ئۆتۈپ، ئاخىرىدا كورلا شەھىرىگە يېتىپ بېرىپ، چىڭخەي - شىزاڭ تۆمۈريولى بىلەن ئۇلىنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە چىڭخەي بۆلىكىدە 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قاتناش باشلىنىپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلدى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 734 كىلومېتىر كېلىدىغان شىنجاڭ بۆلىكىدە 2016 - يىلىنىڭ بېشىدا ئىش باشلانغان بولۇپ، تۆمۈريول قۇرۇلۇشچىلىرىنىڭ بەش يىلغا يېقىن مىسلىسىز جاپالىق جەڭ قىلىشى نەتىجىسىدە، ئاخىر قاتناش باشلىنىپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلدى.

تۆمۈريول تارماقلىرى ھەر ئۈچ كۈندە بىر نۆۋەت قاتناش قانۇنىيىتى بويىچە كورلىدىن يېتىمبۇلاققا قاتنايدىغان يولۇچىلار پويىزىدىن 1.5 جۈپنى ماڭغۇزۇشنى ئورۇنلاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر كۈنى گولمۇدتىن كورلىغىچە قاتنايدىغان يۈك پويىزىدىن ئىككى جۈپنى ئورۇنلاشتۇردى.

«گولمۇد - كورلا تۆمۈريولى جۇڭگودىن ياۋروپا، غەربىي ئاسىياغا تۇتىشىدىغان قۇرۇقلۇق ترانسپورت چوڭ يوللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ‹بىر بەلباغ، بىر يول› لىنىيەسى بويىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق، شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭنىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونىدىكى موتورلۇق رولىنى زورايتىپ، شىنجاڭنىڭ دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە سىڭىپ كىرىشىگە تۈرتكە بولىدۇ» دېدى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىقتىساد تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى سۇڭ جيەنخۇا.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياغزىبياك كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)